# شى جىنپىڭ پارتىيە سىرتىدىكى زاتلار بىلەن بىرلىكتە چاغاننى كۈتۈۋالدى

(بېشى 1 - بەتتە)

جۇڭگو ئىشچى - دېھقانلار دېموكراتىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى چېن جۇ، جۇڭگو ئادالەتچىلەر پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى ۋەن گاڭ، «3 - سېنتەبىر» ئىلمىي جەمئىيىتى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى ۋۇ ۋېيخۇا، تەيۋەن دېموكراتىك ئاپتونومىيە ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى سۇ خۈي، مەملىكەتلىك سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى گاۋ يۈنلۇڭ ۋە پارتىيە - گۇرۇھسىز زاتلار ۋەكىلى چېن پىڭيۈەن، يې شياۋگاڭ قاتارلىقلار تەكلىپ بىلەن قاتناشتى. تەكلىپ بىلەن قاتناشقانلاردىن يەنە ھەرقايسى دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار مەركىزىي كومىتېتلىرى، مەملىكەتلىك سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەھبەرلىك ئورنىدىن چېكىنگەن سابىق رەئىسلىرى، بىرىنچى مۇئاۋىن رەئىسلىرى ۋە دائىمىي مۇئاۋىن رەئىسلىرى بار.

ۋەن ئېشياڭ ھەرقايسى دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار مەركىزىي كومىتېتلىرى، مەملىكەتلىك سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى ۋە پارتىيە - گۇرۇھسىز زاتلارغا ۋاكالىتەن سۆز قىلدى. ئۇ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: 2020 - يىلى يېڭى جۇڭگو تارىخىدىكى ئىنتايىن پەۋقۇلئاددە، ئابىدىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە بىر يىل بولدى. يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، خەلق رازى بولغان، دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتقان، تارىخ سەھىپىسىدە چاقناپ تۇرىدىغان ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى. يېڭى بىر يىلدا، ھەرقايسى دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار، سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى ۋە پارتىيە - گۇرۇھسىز زاتلار يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، ھەمكارلىق ئەسلىي مەقسىتىنى ئۇنتۇماي، قىيىنچىلىققا قارشى ئالغا ئىلگىرىلەپ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىدا كۆرسىتىلگەن يۆنىلىش بويىچە، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇشنىڭ يېڭى غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئەقىل - پاراسەت ۋە كۈچىمىزنى تەقدىم قىلىمىز.

ۋەن ئېشياڭنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، شى جىنپىڭ مۇھىم سۆز قىلدى. ئۇ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: 2020 - يىلى يېڭى جۇڭگو تارىخىدىكى ئىنتايىن پەۋقۇلئاددە بىر يىل بولدى. كەسكىن، مۇرەككەپ ۋەزىيەت، ۋەزىپىلەر، مىسلىسىز خەۋپ - خەتەر، خىرىس ئالدىدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ، قىيىنچىلىققا قارشى ئالغا ئىلگىرىلەپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە تاشقى بېسىمغا تاقابىل تۇرۇشنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى ياخشى تۇتۇش ۋە «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلدى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلدى. جاپالىق تىرىشىش ئارقىلىق، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتە مۇھىم، زور ئىستراتېگىيەلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىدا باشلامچىلىق بىلەن مەنپىيدىن مۇسبەتكە ئۆزگىرىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ۋەزىپىسى قەرەلدە تاماملاندى، «13 - بەش يىل» مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملاندى، «14 - بەش يىل» ئومۇميۈزلۈك پىلانلاندى، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ئۇلۇغ تارىخىي خاراكتېرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. بۇ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىنىڭ نەتىجىسى، شۇنداقلا ھەرقايسى دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار، سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى ۋە پارتىيە - گۇرۇھسىز زاتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بىر نىيەتتە بولۇپ، قەيسەرلىك بىلەن كۆرەش قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: بىر يىلدىن بۇيان، ھەرقايسى دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار، سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى ۋە پارتىيە - گۇرۇھسىز زاتلار جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، دىققەتنى پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مەركىزىي خىزمىتىگە مەركەزلەشتۈرۈپ ۋەزىپە - مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىپ، يېڭى ۋەزىيەت، يېڭى ۋەزىپىنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇنلىشىپ ئۆز قۇرۇلۇشىنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىپ، يېڭى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش پەۋقۇلئاددە پەيتىدە، ھەرقايسى دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار، سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى ۋە پارتىيە - گۇرۇھسىز زاتلار قەتئىي تەۋرەنمەي جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى بىلەن بىللە ئويلاپ، بىللە تۇرۇپ، بىللە ئىشلەپ، جاپا - مۇشەققەتتە بىللە بولۇپ، سەمىمىيلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىشىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە غەلىبە قىلىش ئۈچۈن ئامال ئىزدەپ، چارە ئويلاپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئىلمىي تەدبىر بەلگىلىشى، دېموكراتىك تەدبىر بەلگىلىشىنى مۇھىم پايدىلانما بىلەن تەمىنلىدى. كۆپچىلىك مەسىلە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتناشقۇچى پارتىيەنىڭ قۇرۇلۇشىدا يېڭى قىياپەتنىڭ نامايان بولۇشىغا تۈرتكە بولدى. كۆپچىلىك يۇقۇمنىڭ پايدىسىز تەسىرىنى يېڭىپ، كۆپ خىل شەكىل ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى دېموكراتىك نازارەت قىلىشنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، نىشانلىق ياردەم بېرىلىۋاتقان ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ۋەزىپىسىنى تاماملىشىغا ئەقىل - پاراسەت ۋە كۈچ قوشتى. شى جىنپىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىغا ۋاكالىتەن كۆپچىلىككە چىن كۆڭلىدىن رەھمەت ئېيتتى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: 2021 - يىلى «14 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلان يولغا قويۇلغان، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسى باشلانغان تۇنجى يىل، بىز جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى داغدۇغىلىق تەبرىكلەيمىز. كۆپچىلىكنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى 19 - قۇرۇلتىيى ۋە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 2 -، 3 -، 4 -، 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ كۆرەش قىلىش، جاپا - مۇشەققەتتە بىللە بولۇشتەك شانلىق مۇساپىنى ئومۇميۈزلۈك يەكۈنلەپ ۋە نامايان قىلىپ، كەڭ ئەزالارنى شەرەپلىك ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى ئەۋج ئالدۇرۇشقا يېتەكلەپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزملىق غايە - ئېتىقادنى چىڭىتىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى رەھبەرلىكىدىكى كۆپ پارتىيە ھەمكارلىشىش ۋە سىياسىي جەھەتتە كېڭەشىش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىنى ئىگىلەش، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى بەرپا قىلىشنى چۆرىدەپ، پائال ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىپ چارە - تەدبىر كۆرسىتىپ، ئورتاق تونۇشنى كەڭ دائىرىدە مۇجەسسەملەپ، توختىماي ئىلگىرىلەيدىغان كۆرەش قىلىش ھالىتى، بوران - چاپقۇن توسۇيالمايدىغان روھىي ھالەت بىلەن يېڭى دەۋردىكى كۆپ پارتىيە ھەمكارلىقى ئىشلىرىنىڭ يېڭى سەھىپىسىنى پۈتۈشنى ئۈمىد قىلىمەن.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ھەرقايسى دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار، سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى ۋە پارتىيە - گۇرۇھسىز زاتلار سىياسىي ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى، سىياسىي چۈشىنىش ئىقتىدارى، سىياسىي ئىجرا قىلىش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، كەڭ ئەزالار ۋە ئالاقىلاشقان ئاممىنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنى سىياسىي جەھەتتە قەلبتىن ئېتىراپ قىلىش، ئىدىيە جەھەتتە قەلبتىن ئېتىراپ قىلىش، نەزەرىيە جەھەتتە قەلبتىن ئېتىراپ قىلىش، ھېسسىيات جەھەتتە قەلبتىن ئېتىراپ قىلىشنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىشكە يېتەكلەپ، باشتىن - ئاخىر جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى بىلەن بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە بولۇپ، ئىتتىپاقلىشىپ كۆرەش قىلىشتەك سىياسىي خىسلىتىنى ساقلىشى كېرەك. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۆپ پارتىيە ھەمكارلىقى ئىشلىرىغا بولغان يېڭى ئورۇنلاشتۇرمىسى، يېڭى تەلەپىنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈپ، تەتقىق قىلىش، پىلانلاش خىزمىتىنىڭ سىياسىي يۈكسەكلىكى، نەزەرىيە يۈكسەكلىكى، دەۋر يۈكسەكلىكىنى ئۆستۈرۈپ، خىزمەت ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، باتۇرلۇق بىلەن مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىپ، ئاڭلىق ھالدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ياخشى مەسلىھەتچىسى، ياخشى ياردەمچىسى، ياخشى خىزمەتدىشى بولۇشى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ باشتىن كەچۈرگۈچىسى، ئەمەلىيەتتە كۆرسەتكۈچىسى، قوغدىغۇچىسى، مۇھاپىزەتچىسى بولۇشى كېرەك. پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئورتاق تونۇشنى مۇجەسسەملەش، زىددىيەتلەرنى تۈگىتىش، پىكىرلەرنى ئىنكاس قىلىش، مۇقىملىقنى قوغداش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىشىگە ھەمكارلىشىپ، يېڭى دەۋردە جۇڭگوچە سوتسىيالىزمدا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن ئەقىل ۋە كۈچنى تېخىمۇ ياخشى مۇجەسسەملىشى كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 5 - ئومۇمىي يىغىنى دۆلىتىمىزنىڭ كەلگۈسى بەش يىللىق ھەم 15 يىللىق تەرەققىياتى ئۈچۈن ئېنىق يۆنىلىش كۆرسىتىپ بەردى، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش ئۈچۈن ئۇلۇغۋار پىلان تۈزۈپ بەردى. كۆپچىلىكنىڭ ئىختىساسلىقلار يىغىلغان بولۇش، ئەقىل - پاراسەت توپلانغان بولۇش ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئىستراتېگىيەلىك، ماكرولۇق تەتقىقاتنى قانات يايدۇرۇپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر بەلگىلىشىنى تېخىمۇ كۆپ ئەمەلىي، ئەسقاتىدىغان تەدبىر، تەكلىپلەر بىلەن تەمىنلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى دېموكراتىك نازارەت قىلىشتىكى ياخشى تەجرىبە، ياخشى ئۇسۇللارنى ئۆرنەك قىلىپ، يېڭى مەخسۇس دېموكراتىك نازارەت قىلىش خىزمىتىنى ياخشى پىلانلاش، ياخشى ئورۇنلاشتۇرما قىلىش كېرەك. مەملىكەتلىك سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىكنىڭ ساغلام تەرەققىياتى ۋە ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىكتىكى زاتلارنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش باش تېمىسىنى چۆرىدەپ ۋەزىپە - مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىپ، رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، سىياسىي جەھەتتىن يېتەكلەش ۋە ئىدىيە جەھەتتىن يېتەكلەشنى كۈچەيتىشى كېرەك. پارتىيە سىرتىدىكى زىيالىيلارنىڭ كەسپىي ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش قاتارلىق جەھەتلەردە يېڭى تۆھپە قوشۇشى كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى بۇ يىل پۈتۈن پارتىيەدە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇپ، پۈتۈن پارتىيەنى ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاشقا رىغبەتلەندۈرۈپ، يېڭى دەۋردە پارتىيە قۇرۇلۇشىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىشنى قارار قىلدى. ھەرقايسى دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار ۋە پارتىيە - گۇرۇھسىز زاتلار جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى تەبرىكلەشكە بىرلەشتۈرۈپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، ھەمكارلىشىپ كۆرەش قىلىش مۇساپىسىگە ئومۇميۈزلۈك نەزەر سېلىپ، شەرەپلىك ئەنئەنىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، ھەمكارلىق ئەسلىي مەقسىتىنى چىڭ ساقلاپ، ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشى كېرەك. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزملىق ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتناشقۇچى پارتىيەنىڭ قۇرۇلۇشى توغرىسىدىكى بىر قاتار تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى داۋاملىق ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىدىيەۋى - سىياسىي قۇرۇلۇشنى تېخىمۇ گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇپ، نەزەرىيە بىلەن قوراللىنىشنى سىجىل يەنىمۇ كۈچەيتىشى كېرەك. سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشى ۋە پارتىيە - گۇرۇھسىز ۋەكىل زاتلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، چوڭ ۋەزىيەتكە مۇلازىمەت قىلىش داۋامىدا ۋەزىپە - مەسئۇلىيىتىنى تېخىمۇ ياخشى تولۇق ئادا قىلىشى كېرەك.

دىڭ شۆشياڭ، يوۋ چۈەن، ھەرقايسى دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار مەركىزىي كومىتېتلىرى، مەملىكەتلىك سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ ئالاقىدار مەسئۇللىرى، مەركەزنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىدىكى مەسئۇل يولداشلار پائالىيەتكە قاتناشتى.

(بېشى 1 - بەتتە)

بىرىنچى، «13 - بەش يىل» مەزگىلىدىكى خىزمەتلەرگە نەزەر؛ ئىككىنچى، «14 - بەش يىل» مەزگىلىدىكى ئاساسلىق نىشان - ۋەزىپىلەر ۋە مۇھىم، زور تەدبىرلەر؛ ئۈچىنچى، 2021 - يىللىق نۇقتىلىق خىزمەتلەر.

شۆھرەت زاكىر جەمئىيەت مۇقىملىقى ۋەزىيىتىدە تۈپ ئۆزگىرىش بولۇش، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات نەتىجە - ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولۇش، مۇتلەق نامراتلىقنى تارىخىي خاراكتېرلىك تۈگىتىش، ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشى ئۇچقاندەك ئىلگىرىلەش، خەلق تۇرمۇشىنى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاش، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىش، قانۇن بويىچە مەمۇرىيەت يۈرگۈزۈشنى ئالغا سىلجىتىش، بىڭتۈەن خىزمىتىنى قوللاش ۋە شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش قاتارلىق جەھەتلەردىن «13 - بەش يىل» مەزگىلىدىكى خىزمەتلەرنى ئەسلەپ ئۆتتى، 2020 - يىلى پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاشتا قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەرنى خۇلاسىلىدى. ئۇ مۇنداق دېدى: «13 - بەش يىل» مەزگىلىدە، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى ۋە خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشتا مىسلىسىز مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلۈپ، جەمئىيەت مۇقىم، خەلق خاتىرجەم ياشايدىغان، خۇشال - خۇرام ئىشلەيدىغان ياخشى ۋەزىيەت بارلىققا كېلىپ، ئەبەدىي ئەمىنلىككە ئاتلىنىش ئۈچۈن پۇختا ئاساس سېلىندى، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشنىڭ غەلىبىسى كۆز ئالدىمىزدا.

شۆھرەت زاكىر شىنجاڭنىڭ «14 - بەش يىل» مەزگىلىدىكى ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ يېتەكچى ئىدىيەسى ۋە ئاساسلىق نىشانىنى دوكلات قىلىپ، 15 جەھەتتىكى نۇقتىلىق ۋەزىپىنى كونكرېت ياخشى تۇتۇش كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى: بىرىنچى، يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنىڭ يېڭى ھەرىكەت ئېنېرگىيەسىنى يېتىلدۈرۈش؛ ئىككىنچى، يېزا ئىگىلىكى، يېزىلارنى ئالدىن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىش؛ ئۈچىنچى، سانائەت ئاساسىنى كۈچەيتىپ ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش ۋە تېپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، يېڭىچە سانائەتلەشتۈرۈش تەرەققىيات سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش؛ تۆتىنچى، شىنجاڭنى ساياھەت ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى چوڭقۇر يولغا قويۇپ، زامانىۋى مۇلازىمەت كەسپىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش؛ بەشىنچى، ئىچكى ئېھتىياجنى كېڭەيتىشتىكى ئىستراتېگىيەلىك ئاساسىي نۇقتىدا چىڭ تۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى شەكىللەندۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈش؛ ئالتىنچى، يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئىچكى قۇرۇقلۇقنى ئېچىۋېتىش ۋە چېگرا بويىدىكى رايونلارنى ئېچىۋېتىش ئېگىزلىكىنى بەرپا قىلىش؛ يەتتىنچى، ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى، ھاياتىي كۈچىنى كۈچەيتىش؛ سەككىزىنچى، ئىقتىسادنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنى ئەلالاشتۇرۇپ، رايونلارنىڭ ماس تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش؛ توققۇزىنچى، يېڭىچە شەھەر - بازارلاشتۇرۇشنى تېز ئالغا سىلجىتىپ، شەھەر - بازارلاشتۇرۇش سۈپىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈش؛ ئونىنچى، شىنجاڭنى مەدەنىيەت ئارقىلىق ئوزۇقلاندۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىپ، ئورتاق ئىتتىپاقلىشىپ كۆرەش قىلىشنىڭ ئىدىيەۋى ئاساسىنى مۇستەھكەملەش؛ ئون بىرىنچى، ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، گۈزەل شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش؛ ئون ئىككىنچى، خەلق تۇرمۇشىنى زور كۈچ بىلەن كاپالەتلەندۈرۈپ ۋە ياخشىلاپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ بەخت - سائادىتىنى ئاشۇرۇش؛ ئون ئۈچىنچى، شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىپ، تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەلىك تىنچ - ئامان شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش؛ ئون تۆتىنچى، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش ئىستراتېگىيەسىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشنىڭ ئۈنۈۋېرسال ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش؛ ئون بەشىنچى، بىڭتۈەننىڭ ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە جەنۇبقا قاراپ تەرەققىي قىلىشنى قوللاپ، بىڭتۈەننىڭ ئالاھىدە رولىنى جارى قىلدۇرۇش.

شۆھرەت زاكىر مۇنداق دېدى: 2021 - يىللىق ھۆكۈمەت خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي تەلىپى: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيى ۋە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 2 -، 3 -، 4 -، 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، مەركەز ئىقتىساد خىزمىتى يىغىنى ۋە 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك پارتىيە كومىتېتى 10 -، 11 - ئومۇمىي يىغىنى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ئىقتىساد خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى تولۇق، دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇپ، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، مەۋقەنى يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قويۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى بەرپا قىلىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشنى باش تېما قىلىپ، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى ئاساسىي لىنىيە قىلىپ، ئىسلاھ قىلىش، يېڭىلىق يارىتىشنى تۈپ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ قىلىپ، خەلقنىڭ كۈنسېرى ئېشىۋاتقان گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشنى تۈپ مەقسەت قىلىپ، سىستېما قارىشىدا چىڭ تۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، كېڭەيتىپ، تەرەققىيات بىلەن بىخەتەرلىكنى تېخىمۇ ياخشى بىرتۇتاش پىلانلاپ، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى داۋاملىق ياخشى ئىشلەپ، «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تىرىشىپ ئىقتىسادنىڭ ئايلىنىشىنى مۇۋاپىق ئارىلىقتا ساقلاپ، ئىچكى ئېھتىياجنى كېڭەيتىش ئىستراتېگىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، پەن - تېخنىكا ئىستراتېگىيە تىرەكلىكىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، يۇقىرى سەۋىيەلىك ئىچكى - تاشقى ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىپ، «14 - بەش يىل»دا ئىشنى ياخشى باشلاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئەلا نەتىجىلەر بىلەن پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى تەبرىكلەش.

شۆھرەت زاكىر مۇنداق دېدى: 2021 - يىللىق ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئاساسلىق كۆزلىمە نىشانى: پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ رايون ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنى بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 6.5% ئەتراپىدا ئاشۇرۇش، تۇراقلىق مۈلۈك سېلىنمىسىنى بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 10% ئەتراپىدا ئاشۇرۇش، شەھەر - يېزا ئاھالىسىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمنى بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن ئايرىم - ئايرىم ھالدا 5%، 6.5% ئەتراپىدا ئاشۇرۇش، ئاھالىلەرنىڭ ئىستېمال باھا كۆرسەتكۈچىنى 3% ئەتراپىدا ساقلاش، شەھەر - بازارلاردا تەكشۈرۈلگەن ئىشسىزلىق نىسبىتىنى 5.5% ئىچىدە كونترول قىلىش قاتارلىقلار. يۇقىرىقى نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇش، پۈتۈن ۋەزىيەتنى كۆزلەپ، بىرتۇتاش پىلانلاپ تەڭ ئېتىبار بېرىپ، مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، مۇھىم ھالقىنى ئىگىلەپ، 12 جەھەتتىكى خىزمەتنى نۇقتىلىق ياخشى تۇتۇش كېرەك: بىرىنچى، يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشنى زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىش؛ ئىككىنچى، خاس، ئەۋزەل كەسىپلەرنى يېتىلدۈرۈپ، زورايتىپ، كەسىپ زەنجىرى، تەمىنلەش زەنجىرىنى ئەلالاشتۇرۇپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش؛ ئۈچىنچى، ئىچكى ئېھتىياجنى كېڭەيتىش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇپ، سېلىنما ۋە ئىستېمالنى كۈچەپ ئىلگىرى سۈرۈش؛ تۆتىنچى، يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، ئىچكى - تاشقى ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىش؛ بەشىنچى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، كېڭەيتىپ، يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىش؛ ئالتىنچى، شەھەر - بازارلاشتۇرۇش سۈپىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈپ، شەھەر - يېزىلارنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىش؛ يەتتىنچى، «قويۇپ بېرىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش» قاتارلىق نۇقتىلىق ساھەلەردىكى ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، تىجارەت - سودا مۇھىتىنى سىجىل ئەلالاشتۇرۇش؛ سەككىزىنچى، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى قوغداش ۋە بەرپا قىلىشنى كۈچەيتىپ، ئاسمىنى كۆك، يېرى يېشىل، سۈيى سۈزۈك گۈزەل شىنجاڭ قۇرۇش؛ توققۇزىنچى، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى پۇختا تۇرغۇزۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، دىنلار ئىناقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش؛ ئونىنچى، تۈرلۈك خەلققە نەپ يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشلىرىنى سىجىل ئالغا سىلجىتىپ، خەلق تۇرمۇشىنى كۈچەپ كاپالەتلەندۈرۈش ۋە ياخشىلاش؛ ئون بىرىنچى، بىڭتۈەن بىلەن يەرلىكنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، بىڭتۈەننىڭ ئالاھىدە رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇشنى قوللاش؛ ئون ئىككىنچى، تەرەققىيات ۋە بىخەتەرلىكنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ سىجىل مۇقىم، ئۇزاققىچە مۇقىم بولۇشىنى ساقلاش.

شۆھرەت زاكىر يەنە شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش، دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە قىسىم قۇرۇلۇشىنى قوللاش، يۇقۇمنىڭ دائىملىق ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى ياخشى تۇتۇش، ھۆكۈمەتنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش قاتارلىق جەھەتلەرنى شەرھلىدى.

يىغىن قارالمىسىغا ئاساسەن، يىغىندا ئاپتونوم رايوننىڭ خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ 14 - بەش يىللىق يىرىك پىلانى ۋە 2035 - يىلىغىچە بولغان كەلگۈسى نىشان پروگراممىسى لايىھەسى، ئاپتونوم رايوننىڭ 2020 - يىللىق خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى بىلەن ئاپتونوم رايوننىڭ 2021 - يىللىق خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلان لايىھەسى توغرىسىدىكى دوكلات، ئاپتونوم رايوننىڭ 2020 - يىللىق خامچوتىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ 2021 - يىللىق خامچوت لايىھەسى توغرىسىدىكى دوكلات تەكشۈرۈلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 4 - يىغىنىغا قاتنىشىۋاتقان سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى سىن شەكلى ئارقىلىق يىغىنغا سىرتتىن قاتناشتى.

رەئىس سەھنىسىدىن ئورۇن ئالغانلاردىن يەنە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى، سىياسىي كېڭەش، شىنجاڭ ھەربىي رايونى، بىڭتۈەندىكى رەھبىرىي يولداشلار، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىدىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار بار.

### ئاپتونوم رايوننىڭ مەدەنىيەت ۋە ساياھەت خىزمىتى تېلېۋىزىيە - تېلېفون يىغىنىدا مۇنداق ئوتتۇرىغا قويۇلدى

## شىنجاڭنى مەدەنىيەت ئارقىلىق ئوزۇقلاندۇرۇشنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، ساياھەت ئارقىلىق شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈشنى سىجىل ئالغا سىلجىتىش كېرەك

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى جاڭ يەنفاڭ خەۋەر قىلىدۇ: 1 - ئاينىڭ 29 - كۈنى، 2021 - يىللىق ئاپتونوم رايوننىڭ مەدەنىيەت ۋە ساياھەت خىزمىتى تېلېۋىزىيە - تېلېفون يىغىنى ئېچىلدى. يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەدەنىيەت ۋە ساياھەت خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مەدەنىيەت بىلەن ساياھەتنى يۇغۇرۇش باش لىنىيەسىنى چۆرىدەپ، شىنجاڭنى مەدەنىيەت ئارقىلىق ئوزۇقلاندۇرۇش قۇرۇلۇشىنى چوڭقۇر يولغا قويۇپ، شىنجاڭنى ساياھەت ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى سىجىل ئالغا سىلجىتىپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۇختا ياخشى ئىشلەپ، ئەلا نەتىجىلەر بىلەن پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى تەبرىكلەش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەركىن تۇنىياز يىغىنغا قاتنىشىپ ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: پۈتۈن ئاپتونوم رايون مەدەنىيەت - ساياھەت سىستېمىسى يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى تولۇق، دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇپ، شىنجاڭ خىزمىتى باش نىشانىنى مەھكەم ئىگىلەپ، ئەدەبىيات - سەنئەت سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇپ، ئەدەبىيات - سەنئەتتە يېڭىلىق يارىتىشنى زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، ئەدەبىيات - سەنئەت نادىر ئەسەر ئىجادىيىتىگە تۈرتكە بولۇشى؛ شەھەر - يېزىلارنىڭ مەدەنىيەت بايلىقىنى تەقسىملەشنى ئەلالاشتۇرۇپ، ئاممىۋى مەدەنىيەت مۇلازىمىتى ئومۇمىي مىقدارى بىلەن تەمىنلەشنى ئاشۇرۇپ، ئاممىۋى مەدەنىيەت مۇلازىمىتىنىڭ ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشى؛ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشنى كۈچەيتىپ، تارىخ تەتقىقاتى ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىشنى كۈچەيتىپ، جۇڭخۇا مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى قوغدىشى، ۋارىسلىق قىلىشى، ئەۋج ئالدۇرۇشى؛ بازار سۇبيېكتىنى يېتىلدۈرۈپ، زورايتىپ، ئەقلىي مەدەنىيەت ساياھىتىنى تېز تەرەققىي قىلدۇرۇپ، مەدەنىيەت ۋە ساياھەت كەسپىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: ئوبراز تەشۋىقاتى بىلەن مەھسۇلات ماركېتىڭىغا تەڭ ئەھمىيەت بېرىشتە چىڭ تۇرۇپ، شىنجاڭغا ياردەم بېرىش ئەۋزەللىكىدىن ياخشى پايدىلىنىپ، يول بايلىقىنى بىرىكتۈرۈپ، دەل جايىدىكى ماركېتىڭنى يولغا قويۇپ، «شىنجاڭ ياخشى جاي»نى ياڭرىتىش كېرەك. مەدەنىيەت ئارقىلىق ساياھەتنى يارىتىش، ساياھەت ئارقىلىق مەدەنىيەتنى گەۋدىلەندۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، مەدەنىيەت بىلەن ساياھەتنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، يېڭى كەسىپ ھالىتىنى يېتىلدۈرۈپ، يېڭى مەھسۇلات ئېچىپ، يېڭى ھەرىكەت ئېنېرگىيەسىنى شەكىللەندۈرۈپ، مەدەنىيەت ۋە ساياھەت كەسپىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنىڭ يېڭى سەھىپىسىنى جاسارەت بىلەن پۈتۈش كېرەك.

يىغىندا يەنە 2020 - يىلى دۆلەت، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك شەرەپ نامىغا ئېرىشكەن مەدەنىيەت - ساياھەت ئورۇنلىرى تەقدىرلەندى ۋە ئۇلارغا ۋۇيۇسكا بېرىلدى.